# 148637 ـ بىر نەرسە يەپ، ئېغىزنى چايقىماي، ئاندىن نامازغا تۇرسا نامىزى دۇرۇس بولامدۇ؟

## سوئال

مەن تاھارەت ئېلىپ بولۇپ بىر ئاز تاتلىق تۈرۈم نەرسىلەرنى يېدىم، ئاندىن ئېغىزىمنى چايقىماستىن نامازغا تۇرۇپ كېتىپتىمەن، نامىزىم دۇرۇس بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالالاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالالاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

نامازغا تۇرغان كىشى ئېغىزىدىكى يېمەكنىڭ قالدۇقلىرى ياكى پۇراقلىرىنى يوق قىلىپ تۇرۇشى مۇستەھەب بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نامازغا تۇرغاندا مىسۋاك ئىشلىتىش يولغا قويۇلغان. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا گۇناھ بولمايدۇ، نامىزى توغرا بولىدۇ.

ئىبنى ئاببا‏س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوينىڭ تارغاق گۆشىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېغىزىنى چايقىماستىن ۋە سۇ ئىشلەتمەستىن ناماز ئوقۇدى». [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى2541-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 3028-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈت ئىچتى، ئاندىن ئېغىزىنى چايقىماي ۋە تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇدى.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 197-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ھەسەن دەپ "ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرتوپلىمىدا" كەلتۈرگەن].

"ئەۋنۇل مەبۇدتا" مۇنداق دېگەن: "بۇ ھەدىس سۈتكە ئوخشاش مايلىق نەرسىلەرنى ئىچكەندە، ئېغىزنى چايقىۋېتىشنىڭ كەسكىن بۇيرۇلغان ئىش بولماستىن بەلكى ئىختىيارلىقتىكى بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ".

شەيخ بىن باز رەھىمەھۇللاھدىن:"پەرز نامازنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقاندا مېنىڭ تاھارىتىم بار ئىدى، لېكىن مەن بىر نەرسە يېدىم، ئېغىزىمدا ياكى چىشىمنىڭ ئارىسىدا يېگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقى قالدى، ئۇ نەرسىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېغىزىمنى چايقىۋېتىشىم ۋاجىپمۇ ياكى ۋاجىپ ئەمەسمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "يېمەكنىڭ قالدۇقلىرىدىن ئېغىزنى چايقىۋېتىش ياخشى بولىدۇ، ئۇ نەرسىنىڭ قالدۇقىنىڭ چىشىڭىزنىڭ ئارىسىدا قالغانلىرى نامازنىڭ ھۆكمىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، لېكىن يېگەن نەرسىڭىز تۆگە گۆشى بولۇپ قالسا، نامازدىن بۇرۇن چوقۇم تاھارەت ئېلىشىڭىز

كېرەك بولىدۇ، چۈنكى تۆگە گۆشى يېيىش تاھارەتنى بۇزىدۇ". ["بىن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 29-توم 52-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.